# ياخشىلىق قىلىنسا مۇكاپات يۈزىسىدىن سىلە رەھىم قىلغۇچىلار ھەقىقى سىلە رەھىم قىلغۇچى ھېسابلانمايدۇ، ھەقىقى سىلە رەھىم قىلغۇچى دېگەن: باشقا تۇغقانلىرى سىلە رەھىم قىلمىسىمۇ ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىپ تۇغقانچىلىقنى يەتكۈزگۈچىدۇر

ئابدۇللاھ بىن ئەمىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ياخشىلىق قىلىنسا مۇكاپات يۈزىسىدىن سىلە رەھىم قىلغۇچىلار ھەقىقى سىلە رەھىم قىلغۇچى ھېسابلانمايدۇ، ھەقىقى سىلە رەھىم قىلغۇچى دېگەن: باشقا تۇغقانلىرى سىلە رەھىم قىلمىسىمۇ ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىپ تۇغقانچىلىقنى يەتكۈزگۈچىدۇر».

[تېكىست توغرا] [بۇخارى رىۋايىتى]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام خەۋەر بېرىپ: ئۇرۇغ-تۇغقانلارغا سىلە رەھىم قىلىش ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشتا ياخشىلىق قىلغانغا ياخشىلىق قىلغان كىشى مۇكەممەل ئىنسان ھېسابلانمايدۇ. ھەقىقى ئۇرۇغ-تۇغقانچىلىقنى ئۇلىغۇچى دېگەن: باشقا تۇغقانلىرى ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلمىسىمۇ، ئۇرۇغ-تۇغقانچىلىقنى ئۈزسىمۇ، ئۇ كىشىگە يامانلىق قىلىپ، ناچار مۇئامىلىدە بولسىمۇ ئۇنىڭ قارشىسىدا ئۇلارغا ياخشىلىق قىلغان كىشىدۇر.

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3854

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee